# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 9 ـ ئاي

18

جۈمە

维吾尔文 9 月18日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25188 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


## ئالدىنقى سەككىز ئايدا شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 60%كە يېقىن ئاشتى

### ئوخشاش مەزگىلدىكى تارىخىي يېڭى رېكورت يارىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭ ۋېينىڭ شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى سەككىز ئايدا، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورىنىڭ سىرتقا يەتكۈزگەن توك مىقدارى جەمئىي 66 مىليارد 118 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 58.83% ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى تارىخىي يېڭى رېكورت يارىتىلغان. بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش توك مىقدارىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ھالىتى سىجىل ساقلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېنېرگىيەنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا كۈچ قوشۇش رولى بارغانسېرى گەۋدىلەنگەن.

بۇ يىل 7 ـ ئايدا، شەرقىي جۇڭغار ـ جەنۇبىي ئەنخۈي 1100± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ توك يەتكۈزۈش قۇۋۋىتى 8 مىليون كىلوۋاتقا ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلۇپ، سىرتقا يەتكۈزۈش كۆلىمى سىجىل كېڭەيدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

# ئانارگۈلى تيانشاننىڭ ھەممە يېرىدە ئېچىلدى

## ـــ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇنۇۋېرسال بايان (4)

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي

«شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئەڭ قىيىن، ئەڭ ئۇزاققا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردى، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇردى؛ مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى باشتىن ـ ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزدى؛ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە باشتىن ـ ئاخىر تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنى قوغدىدى، ھەر مىللەت ئاممىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا تاياندى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىناق تەرەققىي قىلدى، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ ھەممە يېرىدە ئېچىلدى.

### «مەركەزداش چەمبەر» سىزغانسېرى چوڭايدى

«ياسىن، ئاناڭنىڭ پۇتى يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟ ئاغرىق توختىتىش مەلھىمىنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولدى؟» 9 ـ ئايدا، ھاۋا بارا ـ بارا سوۋۇشقا باشلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تېخنىك ئىشچىلار مائارىپى يېتەكچىلىك مەركىزىنىڭ كادىرى ۋاڭ جۈەن كۈچا شەھىرىنىڭ ئالاقاغا بازىرى ئويتوغراق كەنتىدىكى قوشماقلاشقان تۇغقىنى ياسىن ھاپىزدىن خاتىرجەم بولالماي ئۇنىڭ بىلەن سىنلىق سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ يېقىنقى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

«ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى، ئانامنىڭ سالامەتلىكىمۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت. ھازىر باغدىكى مېۋىلەرنى يىغىپ بولدۇق، پاختا تېرىپمۇ ئازراق پۇل تاپتۇق، بۇ يىل ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى ياخشى بولىدۇ.» ياسىن مۇنداق دېدى: ۋاڭ جۈەننىڭ ياردىمى ۋە يولىشى بىلەن، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، بۇلتۇر يەنە ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردۇق.

ۋاڭ جۈەن بىلەن ياسىن ئائىلىسىنىڭ ھېكايىسى بىزنىڭ يېنىمىزدىلا يۈزبەرگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەر تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا كۈندە دېگۈدەك يۈزبېرىپ تۇرىدۇ.

2016 ـ يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاما تاماقتا، يېتىپ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇش جەريانىدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، بېرىش ـ كېلىش قىلىش، ناخشا ـ ئۇسسۇل، كۆلكە ـ چاقچاقلار ئىچىدە ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇش ئارقىلىق كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «كەنتتە تۇرۇش»تىن «ئائىلىلەردە تۇرۇش»قىچە، يەنە «قەلبكە ئورناش»قىچە بولغان ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاما بىلەن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتتى؛ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەممە جايدا تۇغقىنى بار بولدى، ناھىيەدە تۇغقىنى بار، شەھەردە تۇغقىنى بار، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# شان ـ شەرەپ قەھرىمان جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى نەشر قىلىندىغان خەلق گېزىتىدە «شۈەنيەن»نىڭ «شان ـ شەرەپ قەھرىمان جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ» ناملىق ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو خەلقىدە بار بولغان تىز پۈكمەس ئىرادە كۈچى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى كۈچ مەنبەسى. بۇ مۇھىم بايان خەلقنىڭ تارىخنى يارىتىش ئۇلۇغ كۈچىگە ئىلگىرىكىدەكلا قەتئىي ئىشىنىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى كۈچىنىڭ نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئاچقۇچىنىڭ نېمىلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم ئالدىدا، پارتىيەمىز «خەلق ئۈرۈشى» ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلىدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقا سېپىگىچە، تېببىي خىزمەتچىلەردىن ھەربىر ئادەتتىكى كىشىگىچە، يۈز مىليونلىغان خەلق مۇرىنى مۈرىگە تىرەپ دەس تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ ھەرىكەتكە كېلىپ، يىمىرىلمەس، ئۆرۈلمەس ھەيۋەتلىك سېپىلنى بەرپا قىلدى. خەلق ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلگەن، خەلق ئۈچۈن گۈللەنگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمىدى، قۇربان بېرىشتىن قورقمىدى، قارشى يۈنىلىشتە ئاتاكىغا ئۆتتى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولۇشقا مۇناسىپ.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، سارىسقا تاقابىل

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى يىغىۋېلىش، يۆتكەپ توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى 90% مەمۇرىي كەنتنى قاپلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى يىغىۋېلىش، يۆتكەپ توشۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلغان. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى يىغىۋېلىش، يۆتكەپ توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قاپلىغان يېزا ـ بازار 861 بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 889 يېزا ـ بازارنىڭ 96.85%نى ئىگىلىگەن؛ يىغىۋېلىش، يۆتكەپ توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى قاپلىغان مەمۇرىي كەنت 8149 بولۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 54 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، بۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ماقۇللاندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ كىلىمات بايلىقىنى قوغداش ۋە ئېچىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



بۇلۇتلار ئارىسىدىكى يايلاق

خېجىڭ ناھىيەسى بايىنبۇلاق ئاق قۇ كۆلى سۇلۇق يېرىنىڭ ئاسمىنىدىكى تەكشى ئېقىم بۇلۇت مەنزىرىسى (9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). شۇ كۈنى، بىر قېتىملىق كۈز يامغۇرىدىن كېيىن، بايىنبۇلاق ئاق قۇ كۆلى سۇلۇق يېرىدە تەكشى ئېقىم بۇلۇت مەنزىرىسى ھاسىل بولدى، بوشلۇقتىن تۆۋەنگە قارىغاندا، بۇلۇت بىلەن تۇمان گىرەلەشكەن ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. □ چۆ . خۇرە فوتوسى

## گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى

# «شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلدى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق تونۇشتۇرۇلدى: جۇڭگو شىنجاڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى، ئۇل قۇرۇلۇش قىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سەغىمچانلىقىنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىم سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى سىياسەت سىستېمىسى يەنىمۇ تاكامۇللىشىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، ئاھالىلەر ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى پۇختا قەدەمدە ئاشتى. 2014 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭدا ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 11 مىليون 352 مىڭ 400 ئادەمدىن ئېشىپ 13 مىليون 301 مىڭ 200 ئادەمگە يەتتى، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون 763 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى؛

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

# شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى

(2020 ـ يىل 9 ـ ئاي)

### جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى


مۇندەرىجە

كىرىش سۆز

1. شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىي ئەھۋالى

2. ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى

3. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلدى

4. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى

5. ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش گۈزەل تۇرمۇش ياراتتى

6. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى

ئاخىرقى سۆز


## كىرىش سۆز

ئەمگەك ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ماھىيەتلىك پائالىيىتى. ئەمگەك گۈزەل تۇرمۇش يارىتىدۇ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ۋە ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا پۇقرالارغا ئەمگەك قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە مەجبۇرىيىتى يۈكلەنگەن. ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىغانلىق، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلغانلىق.

جۇڭگو نوپۇس چوڭ دۆلىتى، شۇنداقلا ئەمگەك كۈچى چوڭ دۆلىتى. ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگو خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تىرىشىپ ھەممە ئادەمنى غەيرەت بىلەن ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق بەختلىك تۇرمۇش ياردىتىش، ئۆز تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دۆلەتنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى زور سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، جۇڭگو شىنجاڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى، ئۇل قۇرۇلۇش قىلىپ، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇردى. ئاكتىپ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇقنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)